新疆文库

ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ داڭلىق رومانلىرى

ئايشەم ئەخمەتھاجى قاسىملى

# مۇھەممەت بېشىر چىڭگۇاڭ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئايشەم ئەخمەتھاجى قاسىملى

# مۇھەممەت بېشىر چىڭگۇاڭ

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

穆罕默德伯锡尔亲王:维吾尔文/阿依夏木·艾合买提著. 一 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2009.8
ISBN 978-7-228-12821-1

Ⅰ.穆...Ⅱ.阿...Ⅲ.历史小说 一 中国 一 当代 一 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第147835号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 编　　辑 | 阿布都肉苏力·吾买尔 |
| 特约编辑 | 拜格买提·玉苏甫 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 特约校对 | 热西提·瓦依提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15.25 |
| 版　　次 | 2009年8月第1版 |
| 印　　次 | 2009年8月第1次印刷 |
| 印　　数 | 3000 |
| 定　　价 | 38.00 元 |

# مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى:  ئايشەم ئەخمەتھاجى قامىلى
مەسئۇل مۇھەررىرى:  گۈلباھار ئەخەت
مۇھەررىرى:  ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
تەكلىپلىك مۇھەررىرى:  بەگمەت يۈسۈپ
مەسئۇل كوررېكتورى:  رەناگۈل ئابلىمىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى:  رىشىت ۋاھىدى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:  شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون:  0991-2827472
ئادرېسى:  ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى:  830001
باسقۇچى:  شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى:  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى:  1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى:  15.25
نەشرى:  2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى:  2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى:  3000
كىتاب نومۇرى:  ISBN 978 - 7 - 228 - 12821 - 1
باھاسى:  38.00 يۈەن

# « شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى »
# تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر : نۇر بەكرى

مۇئاۋىن مۇدىرلار : لى يى، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت

ھەيئەتلەر : جۇ چيەن، ۋەن خەيچۇەن، شى يۈگچياڭ، مىجىت قادىر، ليۇ چاڭمىڭ، جاڭ شىنتەي، ۋاڭ ياۋپىڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، ليۇ شۇشىن، لى ۋېيچىڭ، ئابدۇراخمان ئەبەي، رېن چېڭ، دەي ياۋخوڭ، چېن گۇگچىڭ، ئادىل مۇھەممەت، ماۋ جيەنشىن، دىلشاد قېيىيۇم، نۇرتاي قىياسبېك، جۇ لوڭچىن، ياسىن ئوبۇلقاسىم، شۇ جياڭ، ئابلىز قېيىيۇم، تاھىر ناسىر، يۇ فۇئېن، پەتتار ماخمۇت، يۇ ۋېنشېڭ، گو چۇەن، رەپقەتجان خېلىل، دىلشاد ئەلى

باش پىلانلىغۇچىلار : ليۇ چاڭمىڭ، مىجىت قادىر

باش تەھرىرلەر : شى يۈگچياڭ، مىجىت قادىر، ليۇ چاڭمىڭ

مۇئاۋىن باش تەھرىرلەر : جاڭ شىنتەي، ۋاڭ ياۋپىڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، ليۇ شۇشىن

ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش تەھرىر : گۈلشەن تۇراخۇن

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»گە كىرىش سۆز

نۇر بەكرى

مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي ، مىللىي روھنى مۇستەھكەملەپ ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ .

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىبارەت «يىپەك يولى» كېسىپ ئۆتكەن ، شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ئۇچراشقان بۇ زېمىندا ھەر مىللەت خەلقى ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق ئېچىپ ، قۇرۇپ ۋە قوغداپ ، شانلىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە رەڭگارەڭ كۆپ مەنبەلىك شانلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ ، تارىخ بېتىگە پۈتۈلگەن ئۆلمەس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس ، تەقدىرداش ، قەلبداش بولۇپ ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ، ئورتاق گۈللىنىپ ، «نامرات ھەم قالاق» ھالەتتىن باي ، مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتكە قەدەم قويدى . ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا

ئەگىشىپ ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى باھارنى كۇتۇۋالدى ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۇنۇملۇك قوغدىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، سەنئەت ئەڭگۈشتەرلىرى چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ ، سەلتەنىتى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىپ ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى .

پۈتۈن جەمئىيەتتە ئورتاق غايىنى بەرپا قىلىش جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ نېگىزى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ ، «ئىككى ئۇچۇن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك . بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقى «بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش»تىن ئىبارەت باش تېمىنى چىڭ تۇتقا قىلىپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ جەمئىيەتكە باشلامچىلىق قىلىش ، خەلقنى تەربىيىلەش ، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت مۇھىم رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت

قۇرۇش ۋە ئەۋزەل مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشى كېرەك .
بۇ گۇللەنگەن دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچايلى . بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق نەشر تۈرىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللەپ ، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى» نەشر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى . بۇ بىر تۈرلۈك شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سىستېمىلىق رەتلەيدىغان ، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى . «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نى نەشر قىلىش شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەش ، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە تايىنىپ ، يىپەك يولى مەدەنىيىتى ، غەربىي رايون مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى يارىتىش ، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى جۇغلاش ، بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ ، رېئال ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇنداقلا ئۇ بۇگۈنكى دەۋرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ، كەلگۈسىگە تۆھپە قوشىدىغان زور ياخشى ئىش .
«شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»نىڭ ئىجادىيەت ، تەھرىرلىك ، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان بارلىق مۇتەخەسسىس ، ئالىملار ۋە يولداشلارنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى

مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان يېڭى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى توغرا تونۇپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى نەشر قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئورتاق ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق دەۋر نۇرىنى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت نۇرىنى تېخىمۇ چاقنىتىشىنى، شۇ ئارقىلىق مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ زور گۈللىنىشى ۋە زور تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

## شەمشەرگە ئوقۇلغان نىكاھ


بىرىنچى باب ........................................ 3
ئىككىنچى باب ........................................ 21
ئۈچىنچى باب ........................................ 38
تۆتىنچى باب ........................................ 57
بەشىنچى باب ........................................ 68
ئالتىنچى باب ........................................ 87
يەتتىنچى باب ........................................ 104
سەككىزىنچى باب ........................................ 123
توققۇزىنچى باب ........................................ 139


## ئىككىنچى قىسىم

## مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ خان ئالدىدا


ئونىنچى باب ........................................ 167
ئون بىرىنچى باب ........................................ 183
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 208
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 224
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 238

## ئۈچىنچى قىسىم

## ھۆۋقۇشلار قۇترىغان ماكان

ئون بەشىنچى باب ........................ 253
ئون ئالتىنچى باب ........................ 266
ئون يەتتىنچى باب ........................ 278
ئون سەككىزىنچى باب ........................ 290
ئون توققۇزىنچى باب ........................ 304
يىگىرمىنچى باب ........................ 316
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................ 329
يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................ 344
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................ 365

## تۆتىنچى قىسىم

## مېھربانۇ ۋاك

يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................ 377
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................ 393
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................ 407
يىگىرمە يەتتىنچى باب ........................ 425
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ........................ 444
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ........................ 455
ئوتتۇزىنچى باب ........................ 467



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

## بىرىنچى قىسىم

# شەمشەرگە ئوقۇلغان نىكاھ

# بىرىنچى باب

قۇياش ھەمەل بۇرچىغا كىرگەن كۈنلەر، كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلىشىپ، بارا - بارا كۈندۈز ئۇزىراشقا باشلىدى. ئىللىق قۇياش تەپتى بىلەن ساپ ھاۋا ئالەمنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، تەبىئەت جانلىنىپ، دەل - دەرەخلەر ياشىرىشقا باشلىدى. يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلارمۇ قايتىپ كېلىپ ئۇۋا ياساشقا، ھەر خىل قۇرت - قوڭغۇز، ھاشاراتلارمۇ ئۈچىكىدىن چىقىشقا باشلىدى.

قەھرىتان قىشتىن زېرىككەن كىشىلەر يېڭى - يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرۈشۈپ، يېڭى پەسىلنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىراشماقتا. مەھەللە - مەھەللىلەردە باھار پەسلىنى سېغىنىپ مايسا ئۈندۈرۈپ، قىشچە نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆك مەشرەپلىرىمۇ تازا ئەۋجىگە چىقىپ، بۇ شەھەرگە تەۋە يېزىلارنى قاپلىغان ئاتمىش ئالتە ئېرىقتا لىپمۇلىق سۈزۈك سۇلار ئېقىشقا، قىرلار ياپيېشىللىققا پۈركىنىپ ئېرىقلاردىكى يالپۇزلار بەرق ئۇرۇشقا باشلىغاندىلا توختىدى. ھويلىلار، رەستىلەر، مەسچىت - مەدرىسىلەر پاك - پاكىز تازىلىنىپ، سۇلار چېچىلماقتا. چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياسىتىۋالغان ياشانغان ئەرلەر كۆل رەڭ چامچىلىرى ئۈستىدىن قارا پوتىلىرىنى باغلاپ، پۇتىغا يېڭى مەسە - كالاچلىرىنى كىيىشتى. ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەرلەر بولسا پوزا چاپانلار[1] ئۈستىدىن رەڭدار پوتىلىرىنى باغلاپ، پوتىسىغا كەشتىلەنگەن

① پوزا چاپان — ياقىسى ئېگىزرەك قىلىپ تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان.

غىلاپلىق پىچاقلارنى ئېسىپ، پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن يېڭى ئۆتۈكلەرنى كىيىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئۆزئارا سالام بېرىشىپ هال - ئەھۋاللاشماقتا، مۇڭداشماقتا. ئارازلىشىپ قالغانلار بىر - بىرىدىن ئەپۇ سورىشىپ ئىتتىپاقلاشماقتا... بېشىغا تاۋار ياكى دۇخاۋىدىن تەقىيە كىيگەن كىچىك باللار تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، چۆگەندىن پۈرگۈچ① چىقىرىپ مەھەللىلەردە چېپىشىپ يۈرمەكتە. گويا:

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئايدەك ياساندى شۇ جۇۋان.

دېگەندەك، چوكانلار، جۇۋانلار ئېتەك چۆرىلىرىگە چىلتەك ياكى كىمخاب تۇتقان چەكلىك ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىشىپ، چېچىنى سىپكىلەك چىقىرىپ ئىككى تال ئۆرۈپ، چاچ چاتقۇ، چاچ پۆپۈكلەرنى تاقىشىپ تۇغقانلىرىنى، قولۇم - قوشنىلىرىنى يوقلىشىپ، هال - ئەھۋال سوراشماقتا، ھەتتا ئۇلار مۇشۇ ياخشى ئاي، ياخشى كۈنلەردە قىز - ئوغۇللىرىنىڭ شادلىق توي مەرىكىلىرى ئۈچۈن نامۇنىشانلارنى ئىزدەشمەكتە. چاچلىرىنى قىرىق تال ئۆرۈۋالغان ئۆسكىلەڭ قىزلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلىرىدە توققۇز خىل داننى تازىلاپ كۆجە سېلىشقا تەييارلىق قىلسا، بەزىلىرى كەڭ هويلىلارنىڭ ئاپتاپلىق پېشايۋانلىرىدا، بەزىلىرى شاخ - شۇمبىلار بېسىلغان ئۆگزىنىڭ بوش يەرلىرىدە دۇمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ، دوپپىلارغا چاچما تىكىپ، ياغلىقلارنى كەشتىلىمەكتە... يەنە بىر قىسىم قىزلار، مومايلار قىشچە تۇرۇپ قالغان يىپ ئېگىرىش چاقلىرىنى سۈرتۈپ تازىلاپ، رەخت توقۇشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشمەكتە.

① پۈرگۈچ — يېڭىدىن سۇ يۈگۈرگەن تال چىۋىقنىڭ پوستىدىن ياسىلىدۇ.

سىز ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ كوچىلىرى مەھەللىلىرىدىكى ئەنە شۇنداق ھاياتلىق قاينىغان مەنزىرىدىن ئايرىلىپ، يۇقىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋاڭ ئوردىسى يېنىدىكى ئوردا قوۋۇقتىن چىقىپ پايانسىز ئېتىزلارغا، باغلارغا نەزەر سالسىڭىز، شىمالدا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ تېخى ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان چوڭ ئەجدىھادەك ياتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ ئالماستەك يالتىراپ، ئاقۇچ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز چوققىلىرى بوۋاي - مومايلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن ئاقارغان باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئەنە شۇ تەڭرىتېغىنىڭ قار سۇلىرى غول - ئېقىن، بۇلاق - چەشمىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئون ئىككى تاغ (ئاراتۈرۈك، تۇركۆل، نېرىنكىر، نوم، باي، ئاداق، شوپۇل، خوتۇنتام، باغداش، ئېدىر، قوراي، تۆمۈرتى)نىڭ مۇنبەت يەرلىرىدە يېڭىچە جۇشقۇن ھاياتنى باشلىماقتا. بۇ يەرلەرنىڭ كەڭ يايلاقلىرىدا سانسىزلىغان قوي - كالىلار، ئات - تۆگىلەر ئوتلىماقتا. چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە گۆش، ماي، سۈت، قېتىق ۋە قىمىزلار شۇنچە ئەلۋەك.

تەڭرىتېغىنىڭ نېرىسىغا نەزەر سالسىڭىز بىر ئۈچى تاشقى موڭغۇلىيىگە تۇتاشقان قەدىمىي يۇرت ئاراتۈرۈك بار. ئاراتۈرۈكنىڭ غەربىي تەرىپىدە كەڭ يايلاقلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان يەنە بىر ناھىيە — باركۆل بار.

يەنە بۇ يۇرتنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بەش شەھەر — ئاستانە، قارادۆۋە، توغۇچى، لاپچۇق، سۇمقاغىلار بار. بۇ يەرلەر قارلۇق غولى (قارلۇق ئۆستىڭى)، قارلۇقلار مەھەللىسى قاتارلىقلار بىلەن مەشھۇر.

ئەگەر سىز شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ مەلۇم بىر چوققىسىغا چىقسىڭىز:

زۆركىنىڭ[1] باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئولتۇرۇپ يىغلاۋىدىم،
سىيرىلدى سەرۋەڭ[2] تاغلىرى.

دېگەن خەلق قوشىقى يادىمىزغا چۈشىدۇ.

مانا بۇ زېمىن، ئېگىزلىكتىن قارىسىڭىز، گويا تۈزلەڭلىككە سېلىپ قويغان بىر پارچە گۈللۈك گىلەمگە ئوخشايدۇ. بۇ زېمىننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە نەزەر سالسىڭىز، بۈككىدە باغ، ياپيېشىل مۇنبەت ئېتىزلار كۆزگە چېلىقىدۇ. ئېتىزلاردا ساپانغا قوشقان كالىلار، ئورۇق چېچىۋاتقان قىز - ئاياللار، سۆرەم سېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ سۈرەن - شاۋقۇنلىرى يىللىق ئەمگەكنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

شۇ شەھەردىكى بىر مەسچىتنىڭ ئالدىدا پېشىن نامىزىغا يىغىلغان جامائەتكە مەزىنئاخۇنۇم سۆزلەۋاتاتتى: «مانا مۇشۇ كۈنلەردە ئادەمزات دۇنياغا كەلگەنىكەن — ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتە چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلانغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە ئۈچ يۈز يىل بىر - بىرى بىلەن تېپىشالماي يۈرۈپتۇ. ئاخىر ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن ھەۋۋا ئانا بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ كۈنلەردە، يەنى باھار باشلىنىپ تەبىئەت جانلانغان كۈنلەردە تېپىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ پۇشتىدىن بىز ئادەمزاتلار پەيدا بولغانىكەنمىز...»

مەزىنئاخۇنۇمنىڭ سۆزى بۆلۈندى. ئوردىنىڭ جاكارچىسى بېشىغا كۆك رەڭدىكى قىزىل مونچاق تاقىغان مەنسەپ قالپىقىنى كىيىپ، ئۈچىسىدىكى قارا تاۋار تونىنىڭ بىر پېشىنى سېرىق پوتىسىغا قىستۇرۇپ، خۇشال ھالدا جاڭ ئۇرۇپ ۋاڭنىڭ

① زۆركى — تاغ چوققىسىغا قارىتىلغان.
② سەرۋەڭ — تاغ ئىسمى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com